**ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى - پاكىت گۇۋاھچىنىڭ باياناتى**

**UTFW2-039- رەھىمە مۇھەممەد نۇرى**

**<u>خۇلاسە</u>**


گۇۋاھچى لاياقەتلىك سېستىرا بولۇپ، 1999-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. ئۇ تۇغۇت بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولغان. ھەر كۈنى تەخمىنەن 100 ئايال كىشى دوختۇرخانىغا بالا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كېلىدىكەن. بالا چۈشۈرۈشكە كەلگەن ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر، ئاز بىر قىسمى خىتاي ئاياللار ئىكەن.

دوختۇرخانىدا ئىككى بۆلۈم بار ئىكەن. بىر بۆلۈم ھامىلدار بولغىلى ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ئاياللار ئۈچۈن بولۇپ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ ئاياللار ئېغىر جەرىمانە قويۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسىگە بارغانلار. ئەمما گۇۋاھچى ئىشلىگەن يەنە بىر بۆلۈم تۆت ئايلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ھامىلدار ئاياللارغا قارىتىلغان. بۇ ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى ئېنىق ئىكەن.

ئاياللارغا يەنە ھەر خىل دورىلار بېرىلىدىكەن. يەتتە ئايلىقتىن توققۇز ئايلىقققىچە ھامىلدار بولغان ئاياللارغا بىر خىل دورا (Misoprostol (米索前列醇)) بېرىلىدىكەن. بۇ دورا ئاق، يۇمىلاق بولۇپ، ئاسپىرىنغا ئوخشايدىكەن. بالىياتقۇ بويىنىنى بوشاشتۇرۇش ۋە ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىلىدىغان يەنە بىر خىل دورا بولسا بىر ئوكۇل ئىكەن. بۇ ئوكۇل بالاياتقۇنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

دوختۇرخانىدىكى خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گۇۋاھچى دورىخانا ئاچقان ۋە ئۇ يەردە ئۇ ئاياللارغا IUD لىرىنى ئېلىۋېتىشكە ياردەم بەرگەن. خىتايدا شەخسىي شىپاخانىلار ۋە دورىخانىلارنىڭ IUD نى ئېلىۋېتىش ھوقۇقى يوق بولۇپ، بۇنداق IUD ئېلىۋېتىش ئىشلىرى مەخپىي قىلىنىدىكەن. 2002-يىلى ۋە 2007-يىلى ئارىسىدا ئۇ ھەر ئايدا تەخمىنەن 70 ئايالغا ياردەملىشىپ IUD لىرىنى ئېلىۋېتىپتىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىكەن. چۈنكى خىتاي ئاياللار IUD لىرىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا بارالايدىكەن. ئەمما ئۇيغۇر ئاياللار IUD لىرىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللار IUD لىرىنى مەخپىي ئالدۇرۇشى كېرەك ئىكەن.

**گۇۋاھلىق بايانات**

**رەھىمە مۇھەممەد نۇرى**

**<u>ئايال، 42 ياش</u>**

مەن 1978-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئەمما ھىجابلانغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتتىن قوغلانغان. ئاندىن مەن شىنجاڭدىكى بىر كەسپىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە سېستىرالىق گۇۋاھنامىسى ئالغان. كېيىن ئائىلەمدىكىلەر يەسلى ئاچتى ۋە مەنمۇ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدىم. مەن 2016-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلدىم. مەن توي قىلغان ۋە سەككىز بالام بار. تۈركىيەدە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بالىلار تەرەققىياتى بۆلۈمىدە ئوقۇيمەن ھەم مەلۇم دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

1. مەن 1999-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن شەھرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلغان. ئاياللار بۆلۈمىدە بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ھامىلىنى قىرىپ چۈشۈرۈش ۋە بالا تۇغدۇرۇش خىزمەتلىرىگە شاھىت بولغان. ھەر كۈنى تەخمىنەن 100 ئايال دوختۇرخانىغا بالا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كېلەتتى. بۇ ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلۈكىدىن كەلگەن بولسا، كۆپىنچىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولاتتى.

2. ھامىلە ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىنىپ، ئاندىن ئۇنى دوختۇرخانا بىر تەرەپ قىلاتتى.

3. بالا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر بولۇپ، ئاز بىر قىسمى خىتاي ئاياللار ئىدى. كىمنىڭ بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىغا ئائىت سىياسەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قارار قىلاتتى. بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغىلى كەلگەن نۇرغۇن ئاياللار بۇ ئىشخانا تەرىپىدىن بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ھەر بىر ئايالغا پىلانلىق تۇغۇت خادىمى ھەمراھ بولاتتى ھەم ئۇلار بۇنى رەت قىلالمايتتى. ئۇلار بەلگىلەپ بەرگەن پىلانىنىڭ سىرتىدىكى بالىغا ئېغىر جەرىمانە تۆلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى قىلدۇراتتى.

4. ئوقۇغان ۋاقتىمدا بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى دەرسلىكىمىزدە يوقتى. مەن بۇنى شەخسىي شىپاخانىلاردا ئىشلەش جەريانىدا ئۆگەندىم. ئۇستازىم ماڭا بۇ مەشغۇلاتلارنى قانداق قىلىشنى ئۆگەتكەن. بۇ خىزمەت تەجرىبىسىدىن كېيىن مەن گۇۋاھنامە ئالدىم ھەمدە ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلىدىم.

5. دوختۇرخانىدا ئىككى بۆلۈم بار ئىدى. بىر بۆلۈم ھامىلدار بولغىلى ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ئاياللار ئۈچۈن ئىدى. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، بۇ ئاياللار ئېغىر جەرىمانە قويۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسىگە بارغانلار ئىدى. ئەمما مەن ئىشلىگەن يەنە بىر بۆلۈم تۆت ئايلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ھامىلدار ئاياللارغا قارىتىلغان. بۇ ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن بۇ ئاخىرقى باسقۇچتا بالا چۈشۈرۈشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ ئويلايتتىم ۋە ئۇنداق قىلىش ئانىلارغا

خەتەر ئېلىپ كېلەتتى. بۇ مېنىڭ ئىستىپا بېرىشنى قارار قىلىشىمدىكى بىر قىسىم سەۋەب ئىدى.

6. لېكىن مەن ئەزەلدىن ئەندىشىلىرىمنى دوختۇرخانىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان، چۈنكى مەن پىكىرلىرىمنىڭ ئاڭلانمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما سېستىرالار بىلەن بىر قىسىم دوختۇرلار ئوتتۇرىسىدا بىز كۆنىگە قانچىلىك بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلغانلىقىنى سۆزلىشەتتۇق. لېكىن ھېچكىم ئەندىشىسىنى دوختۇرخانىغا ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

7. ئاياللارغا يەنە ئۈچ خىل دورا بېرىلەتتى. يەتتە ئايلىقتىن توققۇز ئايلىقىچە ھامىلدار بولغان ئاياللارغا بىر خىل دورا (Misoprostol (米索前列醇)) بېرىلەتتى. بۇ دورا ئاق، يۇمىلاق بولۇپ، ئاسپىرىنغا ئوخشايتتى. بۇ دورا ئارقا ئارقىدىن تۆت قىسىمغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. بالىياتقۇ بويىنىنى بوشاشتۇرۇش ۋە ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. بۇ بالا چۈشۈرۈش جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئىدى. يەنە بىر دورا (Misoprostol (米索前列醇))بىلەن بىللە بېرىلىدىغان ئوكۇل ئىدى. بۇ ئوكۇلنىڭ ئىسمى ( 缩宫素 Oxytocin) ئىدى. بۇ ئوكۇل بالىياتقۇنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەجبۇرىي تولغاق كەلتۈرۈپ، ھامىلىنىڭ چۈشىشىنى تېزلىتەتتى.

8. ئاياللار يەنە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچىنچى خىل دورا بار ئىدى. ئەمما بۇ دورىنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ.

9. مەن بۇ دوختۇرخانىدا بىر يېرىم يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئىستىپا بېرىشنى قارار قىلدىم، چۈنكى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم، بولۇپمۇ قورساقتىكى بوۋاقلار ئۈچۈن. ئەمما مەن ئەزەلدىن ئەنسىرەشلىرىمنى دوختۇرخانىغا بىلدۈرۈپ باقمىدىم، ھەممە ئۇلارنى ئىچىمدە ساقلاپ كەلدىم.

10. دوختۇرخانىدىكى خىزمىتىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەن توي قىلدىم. يولدىشىم بىلەن بىرلىكتە دورىخانا ئاچتۇق ۋە ئاياللارنىڭ IUD لىرىنى ئېلىۋېتىشىگە ياردەم قىلدۇق. خىتايدا شەخسىي شىپاخانىلار ۋە دورىخانىلارنىڭ IUDنى ئېلىۋېتىش ھوقۇقى يوق. شۇڭا بۇ IUD ئېلىۋېتىش مەخپىي ئېلىپ بېرىلەتتى. 2002-يىلىدىن ۋە 2007-يىلىغىچە بىز ھەر ئايدا تەخمىنەن 70 ئايالنىڭ IUD سىنى چىقىرىشىغا ياردەملەشكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى، چۈنكى خىتاي ئاياللار IUD لىرىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا بارالايتتى. ئەمما ئۇيغۇر ئاياللارغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا قولىدا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئىشلەۋاتقان ۋە تۇرۇۋاتقان ئورگانلىرىنىڭ رۇخسەت خېتى بولغانلىرى ئۇ يەرگە بارالايتى. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللار IUD لىرىنى مەخپىي ئالدۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. دورىخانىمىز بۇنداق IUD ئېلىۋېتىشنى مەخپىي قىلىدىغان بىردىن بىر جاي ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. مەن باشقا بىرقانچە شىپاخانىلارنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن. ئۇ يەرلەردىمۇ بۇ ئىشلارنى مەخپىي ھالدا ئېلىپ باراتتى.

11.بىراق، IUD لىرىنى «قانۇنسىز» ئالدۇرۇۋەتكەن ئۇيغۇر ئاياللار تەكرار ھامىلدار بولۇپ قالغاندا بالىلىرىنى نوپۇسقا ئالدۇرالمايتتى. ئۇنداق بالىلار مەكتەپكە بارالمايتتى. ئادەتتە، ئائىلىسى يەر ئاستى ئۆيى سېلىپ، شۇ يەردە بۇ بالىلارنى پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىدىن يوشۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا بۇ بالىلار يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، نورمال مەكتەپتە ئوقۇيالمايتتى.

2007.12-يىلىدىن كېيىن مەن ھامىلدار بولۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە كۆچۈپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ئائىلەم ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن يەسلى ئاچتى. لېكىن ئۇنى ماڭغۇزغىلى ئىككى يىل بولغاندا، خىتاي دائىرىلىرى بىزنى مەكتەپنى تاقاشقا قىستىدى. دائىرىلەر بىزنى قۇرئان كەرىمنى ئۆگەتكەن دەپ ئەيىپلىگەچكە بىز يەسلىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما بۇ ھەقىقەت ئەمەستى.

2009.13-يىلىدىن كېيىن مەن يەنە ھامىلدار بولدۇم. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پات-پات كۆچۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما 2010-يىلىدىن باشلاپ خىتايدىكى پىلانلىق تۇغۇت تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنداق قىلىپ، 2016-يىلى ئائىلەم تۈركىيەگە كۆچۈشنى قارار قىلدى.

14.ئاچام پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدا 10 يىلدىن 15 يىلغىچە ئىشلىگەن. ئەمما بۇ مەزگىلدىن كېيىن ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئەمما ئۇ ئىستىپا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدا داۋاملىق ئىشلەشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدۈم. ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى يوق.

15.قېيىن ئاچام خوتەندىكى بىر دوختۇرخانىدا سېستىرا بولۇپ ئىشلەيتتى. لېكىن ئۇمۇ دوختۇرخانىدىكى شارائىت سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشنى قارار قىلغانتى. ھەمدە ئىككى قېتىم پىلانىنىڭ سىرتىدا ھامىلدار بولغان. بىرىنچى قېتىمدا يۈز مىڭ كويغا يېقىن جەرىمانە تۆلىگەن. يەنە بىر قېتىمدا بالىسى تۇغۇلۇپلا چاچراپ كەتكەن (يەنى ئۆلۈپ كەتكەن). ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ تۈرمىگە تاشلانغان. مەندە ھازىر ئۇنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق.

مەن بۇ گۇۋاھلىق باياناتىمنى ئوقۇدۇم ۋە تەستىقلىدىم. ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈردۈم. چۈشىنىمەنكى، بۇ بايانات ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنىپ، توردا كەڭ ئاممىغا تەمىنلىنىدۇ.

ئىمزا: [illegible]

چېسلا: 2021 يىلى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى

2